توكۇرنىڭ تۇتۇلۇشى بىلەن تەڭ مىجەز خۇلۇق ئىگىسىگە ئوخشايدىغان بۆرە ئىتنىڭمۇ ھەيۋىسى سۇنغاندەك ئانچە قاۋاپ كەتمەيدىغان بولدى. ئاشۇ قېتىملىق ۋەقە خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە مەھەللىدىكىلەرنىڭ ئېغىزىدىن چۈشمىدى. ھەتتا ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەنلەرمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىۋالغان ۋەقە جەريانىنى يېڭىدىن ۋەقەگە قىزىققۇچىلارغا كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىشتى.

شۇ چاغدا ئېقىپ يۈرگەن مەھەللە پاراڭلىرىدىن، دوختۇرلارنىڭ جىددىي نەتىجىسىدە قادىرنىڭ ھاياتى ساقلاپ قېلىنغان بولسىمۇ ئوڭ بىلىكىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى، كېرەم توكۇرنىڭ ئون بەش يىل كېسىلگەنلىكىنى، كېرەم توكۇرنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرىغا يۆتكەپ كېتىش ئالدىدىكى كۆرۈشتۈرۈشتە كېرەمنىڭ سىڭلىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ، سىڭلىسىنىڭ دائىم «جىم يۈرسەڭ بولمامدۇ ئاكا، دادامنىڭ يېشىمۇ چوڭلاپ قالدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەلچان، دادامنى بولسىمۇ ئويلاپ قويساڭ، ھەممىمىز خاتىرجەم ياشىساق نېمە بۇلا. ھەممە ئادەمنى بىسەرەمجان قىلىپ نېمىمۇ پايدا ئالارسەن» دەپ قاقشاشلىرىغا قۇلاق سالمىغىنىغا ئەمدىلىكتە پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىدىن نەپرەتلىنىدىغانلىقىنى، تۈگەپ كەتكەن ئاپىسىغا، دادىسىغا يۈز كېلەلمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ دەرد تۆككەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

ئەنە شۇنداق بىر- بىرىگە ئۇلىنىپ، ئايىقى ئۈزۈلمەيۋاتقان خىياللار ئىچىدە ئايرىمخانىغا قايتىپ كىردىم. دادام ئورنىدىن تۇرۇپ:

– بىز بىر ئائىلە كىشىلىرى جەم بولمىغىنىمىزغا خېلى يىللار بولۇپ قاپتۇ. بۈگۈن ھەممىمىز جەم بولدۇق. بۇ خۇشاللىق ئىش. شۇڭا ھەممىڭلارنىڭ قورۇنماي ئىچىلىپ - يېيىلىپ كەڭ كۇشادە ئولتۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن،–دېدى.

ھەر بىرىمىز ئۆزلىرىمىز ياخشى كۆرىدىغان مېۋە شەربەتلىرىمىزنى چىرايلىق خىرۇستال رومكىلارغا تولدۇرۇپ رومكا سوقۇشتۇردۇق.

مەن دادامنىڭ قەدەھ سۆزىدىن كېيىن ئەتراپىمدا بولۇۋاتقان گەپلىرىگە، تۇغقانلارنىڭ چاقچاق پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغىنىم بىلەن خىيالىم يەنىلا كېرەم توكۇردا ئىدى.

ئىزاھات: ئاقسار، بۈركۈت ئائىلىسىدىكى بىر خىل يىرتقۇچ قۇش. قەدىمدە سار جەمەتىدە بىر خىل ئاق رەڭلىك، جۇغى چوڭ بىر خىل قۇش بولغان ئىكەن. ئۇچۇشى ھەيۋەت بولغان بىلەن چۆجىنىمۇ ئالالماي ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىنى ئۈرۈۋېلىپ ئۆزى يارىلىنىپ يۈرۈيدىكەن. شۇڭا قەدىمكى كىشىلەر سۆلىتىنى ئات تارتالمايدىغان، ئەمما ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايدىغان، گۆلدۈرى بار، يامغۇرى يوق كىشىلەرنى ئاشۇ ئاق سارغا (ساڭقار) ئوخشىتىپ «ئاقسا» دەپ ئاتايدىكەن.

پەرزەنت — ئاتا ـ ئانا ئەينىكى

خۇرشىدەم ھېزىمووۋا[*] (قازاقىستان)

بالا تەربىيەسىدە ئائىلە ئە تۇنجى ۋە ئەڭ چوڭ تەربىيە ئوچىقى. بالىنىڭ ئادىمىيلىك خىسلەتلىرى، ئەدەپ-ئەخلاقى، ئۇنىڭ كېلەچەكتە قانداق ئادەم بولۇشى ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئائىلىگە باغلىق. چۈنكى، ئاتا-ئانا – بالىنىڭ تۇنجى ئۇستازى. بالىنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تەربىيەلىنىشى، بىلىملىك، غايىلىك بولۇپ يېتىلىشى ئالدى بىلەن ئانىسىنىڭ ئاق سۈتىدىن باشلانغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىزچىل ئېلىپ بېرىلغان تەربىيەنىڭ مېۋىسىدۇر.

تەربىيە جەريانىدا ئاتا-ئانىلار ھەرخىل قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىدۇ. بولۇپمۇ، ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغان ئەھۋال – بالىنىڭ يالغان ئېيتىشى.

بۇ – بالا تەربىيەسىدە خاتالىق سادىر قىلغان كۆپ قىسىم ئاتا-ئانىلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرىگە ئاساسەن چىقارغان يەكۈنى. بالىلارنىڭ يالغان ئېيتىش مەسىلىسى ئاتا-ئانا تەرىپىدىن توغرا كۆڭۈل بۆلۈنمىگەن ھادىسە ئىكەنلىكى تالاشسىز.

بىراق ئىككى-ئۈچ ياشلىق بالىلار يالغان ئېيتسا، «يالغان» دېگەن سۆز بىلەن باغلاشقا بولمايدۇ. سەۋەبى، بۇ ياشتىكى بالىلار ئوي–خىيالنىڭ ئاق-قارىسىنى ئاجرىتالمايدۇ.

«پىسخولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا بالىلارنىڭ يالغان ئېيتىشىغا نېمىلەر سەۋەب

---

[*] پىسخولوگ.

ئەۋلاد گۇرۇپپىسى
www.ewlat.org
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە ماقالە، قەدىمىي ئەسەر ۋە قولىيازمىلار ئامبىرى

بولىدۇ؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب ئىزدىسەك:

بەش – يەتتە ياشتىكى باللار:

1. ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاش ئۈچۈن؛
2. ئاتا - ئانىسىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىش ئۈچۈن؛
3. باشقىلارنىڭ ماختىشىنى ئاڭلاش ئۈچۈن؛
4. دوستلىرىنىڭ ئالدىدا ماختىنىش ئۈچۈن

سەككىز – ئون تۆرت ياشتىكى باللار:

1. جاۋابكارلىقتىن قېچىش ئۈچۈن. بۇنداق باللار ھۇرۇن بولۇپ، ئاتا-ئانا تەرىپىدىن ئەمگەك سۆيىدىغان قىلىپ تەربىيەلەنمىگەنلەردۇر.
2. ئاتا-ئانا پات - پات ۋاقتىنى چىقىرىپ سۆھبەتلىشىپ تۇرمىغانلىقتىن، ئۇلاردىن سىر يوشۇرۇش ئۈچۈن.
3. رەھىمسىز ئاتا-ئانىنىڭ جازاسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

شۇنى تەكىتلەش كېرەككى، ئون ياشتىن يۇقىرى باللارنىڭ دائىم يالغان ئېيتىشى ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە. بۇ ۋاقىتتا بالا مۇرەككەپ تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا بولىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى كەمسىتىپ، ئاتا-ئانىسىدىن قورقۇپ يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇشى مۇمكىن.

كۆپ ھاللاردا باللار «دىكتاتور» ئاتا-ئانىدىن قانداق قوغدىنىشنى بىلمەي، يالغان ئېيتىشنى ئادەت قىلىۋالىدۇ. يالغان ئېيتىپ ئادەتلەنگەن باللاردىن كەلگۈسىدە ئۇرۇشقاق، مەككار، ئوغرىلار چىقمايدىغىنىغا كىم كېپىللىك قىلالايدۇ؟ ئەجدادلىرىمىز: «بالىنى – ياشتىن»، دەپ بىكار ئېيتمىغان. ھەربىر بالا ئۆزىنىڭ مىجەز-خۇلقى بىلەن ئالاھىدە. ئۇلارنى ھەر دائىم ئادىل، ھەقىقەتچى بولۇشقا دەۋەت قىلغان ياخشى. چۈنكى، ھەقىقەت – ئەرلىككە تەربىيەلەيدىغان بىردىن-بىر قورال.

بالىنىڭ يالغان سۆزلەيدىغان خۇيىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئاتا-ئانا بالىسىنى تەنقىدلىمەي ياكى ئۇلارغا چاپان يايماي ئۇلار بىلەن ئەستايىدىل سۆھبەتلىشىش، يالغان سۆزلەشتىكى سەۋەبىنى زېرىكمەي، تېرىكمەي سەۋرچانلىق بىلەن سوراش كېرەك. يالغان سۆزلەش ئىشەنچ، مۇھەببەت، دوستلۇققا ئوخشاش ئۇقۇملارغا قارىمۇ-قارشى ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتكە زىيان كەلتۈرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈش ئاقىلانىلىك.

بالىنىڭ داۋاملىق يالغان ئېيتىشقا ئادەتلىنىشى شۈبھىسىزكى ئاتا-ئانىنىڭ تەسىرىدىن بولىدۇ. تەربىيەچى بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزى تەربىيەلەنگەن بولۇشى كېرەك، دېمەكچى، ئاتا–ئانا ئۆزلىرى بالىنىڭ ئالدىدا يالغان سۆزلىمەسلىكى لازىم. بالا ئۆزىنىڭ ئۆيىنى ئوچۇق ئېيتماقچى بولغاندا ئاتا-ئانا زېھىن قويۇپ تىڭشاپ، ئۇنىڭ پىكرىنىڭ دۇرۇس ياكى خاتا ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەسلىھەت بەرسە، بالا ھەرقاچان ھەقىقەتنى ئېيتىشقا تىرىشىدۇ. ھەقنى ئېيتماقچى بولغان بالىغا ۋارقىراپ، قورقىتىپ، كۆڭلىنى قايتۇرسا، مۇنداق چۈشەنمەسلىكتىن كېيىن بالا يالغان ئېيتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاتا-ئانا – بالىنىڭ ئۈلگىسى. ئەگەر ئۇلار بالىسىنىڭ كۆزىچە يالغان ئېيتسا ھېچقاچان بالىغا ئادىل بولۇشنىڭ ئېلىپبەسىنى قايتىدىن ئۆگىتەلمەيدۇ- دە، ھەممىدە كېچىككەن بولىدۇ. مەسىلەن، ئاتا-ئانا بالىسىغا ۋەدە قىلغان ئىشنى قىلىپ بەرمىسە، ياكى بىرى تېلېفون قىلىپ ئاتا - ئانىسىنى سورىغاندا، شەرەت بىلەن «مېنى ئۆيدە يوق دېگىن» دېگەنگە ئوخشاش يالغان سۆزلەشكە ئۆگەتسە، ئۇ چاغدا ئاتا-ئانا بالىسىنىڭ يالغان سۆزلىگەنلىرىگە رەنجىشىنىڭ ھاجىتى يوق. يۇقىرىقى ئەھۋالدا ئەك ئېچىنىدىغان ئىش «ئاپا، سىزنى سورىدى، بار دەيمۇ، ياكى يوقمۇ؟» دېگىنى. ئۇلار بارنى بار، يوقنى يوق دەپ ئۆگەنگىنى ياخشى.

ئەگەر بالىڭىزغا ۋەدە بەرگەن بولسىڭىز، ئۇنى ئورۇنداشقا تىرىشىڭ، «بالا ئۆزىگە ئېيتىلغان سۆزنى ئاسانلا ئۇنتۇپ كېتىدۇ» دېگەن خىيالدىن يىراق بولۇڭ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، بالىنىڭ پسىخولوگىيىدە يالغان ئېيتىش بىلەن قۇرۇق ۋەدە قىلىپلاشقان ھادىسە بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە ئاباي قۇنانبايېۋ ئونىنچى ھېكمەتلىك سۆزىدە: «...دەسلەپ بالاڭنى ئۆزۈڭ ئالدايسەن: ‹ئۇنى بېرىمەن، بۇنى بېرىمەن› دەپ، كېيىن بالاڭنى ئالدىيالىغىنىڭغا خۇشال بولىسەن. ئاخىرىدا بالاڭ ئالدامچى بولسا، كىمدىن كۆرىسەن؟...» – دەپ، بىر قىسىم ئاتا-ئانىلارنىڭ ناتوغرا بولغان پەرزەنت تەربىيەسىگە ئېچىنىپ، تەنقىدلىگەن.

«بالا دېگەن ئاق قەغەز، ئۇنىڭغا نېمە يازساڭ شۇنى ئوقۇيسەن»، – دەيدىغان سۆز بار، بالا سىزدىن نېمە ئاڭلىغان ۋە نېمە كۆرگەن بولسا شۇنى قىلىدۇ. بالىنىڭ ئادىل، ھەققانىيەتچى بولۇشى، راست سۆزلۈك بولۇپ يېتىلىشى ئاتا-ئانا تەربىيەسىگە مۇناسىۋەتلىك. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەرزەنت – ئاتا-ئانىنىڭ ئەينىكى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز، ئۇلارنى ھەتتا ئۆزىمىزدىنمۇ يۇقىرىساپالىق قىلىپ تەربىيەلەپ چىقىشقا كۈچ سەرپ قىلىشىمىز كېرەك.